سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام - تاشقىنلىق يىللىرى

# دېھقانچىلىق بېجىنى بىكار قىلىش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تېلېگراممىسى** 2005 - يىلى 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، 10 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 19 - قېتىملىق يىغىنىدا، 2006 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دېھقانچىلىق بېجى نىزامى»نى بىكار قىلىش قارار قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن، دۆلەت دېھقانچىلىققا قارىتا ئايرىم باج ئالمايدىغان بولدى، دۆلىتىمىزدە 2000 يىلدىن ئارتۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان قەدىمىي باج تۈرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى جاكارلاندى.

1958 - يىلى 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 96 - قېتىملىق يىغىنىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دېھقانچىلىق بېجى نىزامى» ماقۇللانغانىدى.

20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، دېھقانلارنىڭ يۈكى مەسىلىسى تەدرىجىي گەۋدىلىنىپ، مەركەزنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى قوزغىدى. 1990 - يىلى مەركەز دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنى تۇتقاندىن باشلاپ، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ۋە يېزا باج - ھەق ئىسلاھاتى ئومۇمەن ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى.

1990 - يىلدىن 1999 - يىلغىچە، مەركەز دۆلەت بېجىدىن باشقا دېھقانلاردىن ئېلىنىدىغان تۈرلۈك ھەق، جەرىمانە ۋە سېلىق مەسىلىسىنى نۇقتىلىق ھەل قىلدى. 1998 - يىلى 10 - ئايدا، گوۋۇيۈەن يېزا باج - ھەق ئىسلاھاتى خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىدە قالايمىقانچىلىقنى تۈزەپ، يۈكنى يېنىكلىتىشتىن دەل ۋاقتىدا باج - ھەق ئىسلاھاتىغا ئۆتۈشكە تەييارلىق قىلدى.

يېڭى ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىن، باج - ھەق ئىسلاھاتىدا «يېنىكلىتىش، قېلىپلاشتۇرۇش، مۇقىملاشتۇرۇش» نىشانى بويىچە نۇقتىدا سىناق قىلىش باشلاندى. 2003 - يىلى، مەملىكەت بويىچە بارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەردە يېزا باج - ھەق ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى، مەركەز مالىيەسىدىن يېزا باج - ھەق ئىسلاھاتىغا يۆتكەپ ئىشلىتىلىدىغان چىقىم 30 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتتى.

2004 - يىلدىن باشلاپ، يېزا باج - ھەق ئىسلاھاتى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى، مەركەز دېھقانچىلىق بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش نىشانىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. گوۋۇيۈەن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە دېھقانچىلىق بېجى باج نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىشكە باشلىدى، يەنە خېيلۇڭجياڭ، جىلىن ئۆلكىسىنى تاللاپ دېھقانچىلىق بېجىنى پۈتۈنلەي كەچۈرۈم قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىشقا باشلىدى ھەم كۆك تاماكىدىن باشقا دېھقانچىلىق ئالاھىدە مەھسۇلات بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. 2005 - يىلى، يەنە چارۋىچىلىق بېجى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا، 27 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەردە دېھقانچىلىق بېجىنى پۈتۈنلەي كەچۈرۈم قىلىش قارار قىلىندى، قالغان تۆت ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەردىكى كۆپ ساندىكى ناھىيە، شەھەرلەردە دېھقانچىلىق بېجى كەچۈرۈم قىلىندى.

دېھقانچىلىق بېجىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى، يۈز مىليونلىغان دېھقانلارغا كۆرگىلى بولىدىغان ماددىي مەنپەئەت ئېلىپ كېلىپ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغاپ، يېزا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئازاد قىلدى.

# «ئاقىل ئاممىۋى فوند» ئاممىغا قولايلىق ئېلىپ كەلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى لى شىن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى ئىلگىرىكى ھەرقايسى تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندىنى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ ئۇچۇر سىستېمىسىنى تارقاق تەسىس قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، توپلىنىپ قۇرۇش ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بىرلىككە كەلگەن خېرىدار چاقىرىش شەكلىنى قوللىنىپ، قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش، مۇلازىمەتنى ئۆستۈرۈش، ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا نازارەت قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تۇنجى بۇلۇت سۇپىسى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە بىرلىككە كېلىش ئاساسىدىكى كەسىپ باشقۇرۇش، ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت، سانلىق مەلۇماتلاردىن ئورتاق بەھرىلىنىش، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئۆزئارا مەركەزلەشكەن تۆتنى بىر گەۋدە قىلغان «ئاقىل ئاممىۋى فوند» ئۇچۇر سۇپىسىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندى پوكەيدىن تورغا، ئادەم كۈچى بىلەن ئىشلىنىشتىن ئەقلىي ئىقتىدارلىششقا، «ئاما قاتراش»تىن «ئۇچۇر مېڭىش»قىچە بولغان ھەر تەرەپلىمە ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

ئاپتونوم رايونىمىز تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندى ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سۇپىسىنى قۇرۇپ چىقىپ، «ئالاقە تورى + مۇلازىمەت» بىلەن تەمىنلىدى، داڭلىق تور بېكىتى، تور تىجارەت زالى، يان تېلېفون ئاممىۋى فوند APPسى، 12329 مۇلازىمەت قىزىق لىنىيەسى، 12329 قىسقا ئۇچۇرى، ئۈندىدار ئاممىۋى سۇپىسى، ئاپتوماتىك تېرمىنالى قاتارلىقلار مەركەزلەشتۈرۈلگەن يەتتە چوڭ مۇلازىمەت يولىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ، بىرتۇتاش تىجارەت قىلىش، ئانالىز قىلىش، باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. تۇرالغۇ ئاممىۋى فوند تاپشۇرغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر شەخسلەر تور زالى، «يان تېلېفون ئاممىۋى فوند» APPسى قاتارلىقلار ئارقىلىق تۇرالغۇ ئاممىۋى فوند كەسپىنى بېجىرەلەيدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە «ئۆزۈمنىڭ ئاممىۋى فوندىمنى ئۆزۈم بېجىرىمەن» ھازىرقى تۇرالغۇ ئاممىۋى فوند تاپشۇرغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلىنىپ، بارغانسېرى كۆپ كەسپلەرنى بېجىرىشتە «ماتېرىيال يوق، قاتراش يوق» بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، «بارماق بىلەن»لا ئىش بېجىرىش، «توردا سېتىۋېلىش شەكلى»نى ھېس قىلىش ئېلىپ كەلگەن قولايلىق مۇلازىمەت بارغانسېرى ئومۇملاشتۇرۇلدى. ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 39 مىڭ 400 ئورۇندا تۇرالغۇ ئاممىۋى فوند تور تىجارەت زالى ئېچىلدى، بۇ، ھېسابات ئاچقان ئورۇنلارنىڭ 94%نى ئىگىلىدى، يان تېلېفون ئاممىۋى فوند APPسىنى تىزىمغا ئالدۇرغانلارنىڭ سانى 1 مىليون 100 مىڭدىن ئېشىپ، ئۈندىدار ئاممىۋى نومۇرىغا ئەگەشكەنلەر 910 مىڭغا يېقىنلىشىپ، 12329 مۇلازىمەت قىزىق لىنىيەسىنىڭ قوبۇل قىلىش سانى جەمئىي 5 مىليون 823 مىڭ قېتىمدىن ئېشىپ كەتتى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تۇرالغۇ ئاممىۋى فوند كەسپىنىڭ پوكەيگە بارماي بېجىرىلىش نىسبىتى 65%تىن يۇقىرى بولدى.

لى شىننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندىنى باشقۇرۇشنىڭ بىرتۇتاش ئۇچۇر سىستېمىسى، بىرتۇتاش سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ۋە بىرتۇتاش سانلىق مەلۇمات مەخسۇس تورى قۇرۇش ئارقىلىق، ھەرقايسى كەسپلەرنىڭ تەرتىپى راۋانلاشتۇرۇلغان، ئاپتونوم رايونىمىزدا تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندىدا ئىسچوت تەسىس قىلىشتىن تارتىپ كەسپ باشلاش، ئېقىش يۆنىلىشىنى كونترول قىلىش، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە راسچوت قىلىش، مالىيەنى ھېساباتقا كىرگۈزۈشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى يېپىق باشقۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلغان. ئاپتونوم رايونىمىز تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندى سانلىق مەلۇماتلىرىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش سۇپىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندى تاپشۇرغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە كەسپ بېجىرگەندە مۇناسىۋەتلىك ئىسپات ماتېرىياللىرىنى ئاز تەمىنلەش ياكى تەمىنلىمەسلىككە شارائىت يارىتىپ بېرىپ، كەسپنى پۈتۈن شەھەر بويىچە بىرتۇتاش بېجىرىش، نەق مەيداندا بېجىرىش قاتارلىقلارنى ئىشقا ئاشۇرغان.

تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئۇچۇر سۇپىسى تەسىس قىلىپ، تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندىنىڭ «بارماق بىلەن نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، چوڭ سانلىق مەلۇمات ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ، كەسپلەر كۆرسەتكۈچىنى توغرا يۆنىلىشتە، تىك يۆنىلىشتە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، كۆرسەتكۈچنىڭ ھەرىكەتچان ئۆزگىرىشىنى ئىگىلەپ، كەسپ ئايلىنىشى، كۆرسەتكۈچ، ئىستاتىستىكا قىلىش، نازارەت قىلىپ كونترول قىلىش، جەدۋەل، راسچوت، رەڭگە قويۇش، مەبلەغ، مەخسۇس ئىسچوت، پوكەيگە بارماي بېجىرىش نىسبىتىدىن ئىبارەت «ئون چوڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش باش تېمىسى»نى بېكىتتى. «ھازىر ھوقۇق بېرىلگەن يان تېلېفون بىلەنلا، ئۆز ۋاقتىدا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندىنىڭ ئەڭ يېڭى ئايلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگىلى بولىدۇ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى» دېدى لى شىن.

(بېشى 1 - بەتتە)

مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ دوكلات بېرىش يىغىنى بىڭتۇەندە ئۆتكۈزۈلدى.

مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تيەن پېيەن لېكسىيە دوكلاتى بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەن پارتكومىنىڭ شۇجىسى، جېڭۋېي سۈن جىنلوڭ دوكلات بېرىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

دوكلات بېرىش يىغىنىدا تيەن پېيەن پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ باش تېمىنى چۆرىدەپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر، ئېنىق شەرھلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكىنى شەرھلەپ، ئومۇمىي يىغىن «قارار»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئومۇمىي تەلەپ، ئومۇمىي نىشان ۋە نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى سىستېمىلىق چۈشەندۈردى، پارتىيەنىڭ نەزەرىيەسى، بولۇپمۇ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى مېغىزلىق چۈشەندۈردى. دوكلات ھەم مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلگەن، شۇنداقلا ئومۇميۈزلۈك ۋە سىستېمىلىق، ھەم نەزەرىيە يۈكسەكلىكى بار، شۇنداقلا ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلالايدىغان بولۇپ، بىڭتۇەننىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشى، ئۆزلەشتۈرۈشى، تەشۋىق قىلىشى، ئىزچىللاشتۇرۇشىدا مۇھىم يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

سۈن جىنلوڭ دوكلات بېرىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنداق كۆرسەتتى: بىڭتۇەندىكى ھەر دەرىجىلىك تارماقلار ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ياخشى ئۆگىنىش، ياخشى تەشۋىق قىلىش، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، بۇ قېتىمقى مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ لېكسىيەسىنى پۇرسەت، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ دەپ بىلىپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىدىن ھەممە ئائىلىنى خەۋەردار قىلىش، قەلبلەرگە سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ھەقىقىي تۈردە بىڭتۇەندىكى كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ ئىدىيەسىنى ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىغا، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پۈتۈن بىڭتۇەندە پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش دولقۇنىنى قوزغاپ، بىڭتۇەننىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچىنى ئومۇمىي يىغىندا بېكىتىلگەن نىشان - ۋەزىپىلەرگە مۇجەسسەملىشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن پېڭ جياروي، كۇڭ شىڭلوڭ، شاۋ فېڭ، جاڭ ۋېنچۈەن، مۇتەللىپ مەتتوختى، جاڭ يۇڭ، جۇڭ بو دوكلات بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى. دوكلات بېرىش يىغىنى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئۆتكۈزۈلدى، ھەرقايسى شى، شەھەرلەر، شىخەنزە داشۆسى، تارىم داشۆسى، ھەرقايسى تۈەن - چاڭلاردا شۆبە يىغىن مەيدانى تەسىس قىلىندى.

11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، تيەن پېيەن يەنە 6 - شى 102 - تۈەن 4 - لىيەنگە كېلىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئامما بىلەن ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، تۈگۈنلەرنى يەشتى.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# لۇ يۈنشىن: ئوت ئۆچۈرۈش قەھرىمانى مەشئەلنى يەتكۈزۈش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاڭشا، 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر جوۋ نەن) «شىمالىي خۇنەننىڭ دەرۋازىسى» دەپ ئاتىلىدىغان خۇنەن ئۆلكىسى لىنشياڭ شەھىرى شەھەر رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا تەخمىنەن بىر كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا، ۋۇجيېنشەن دۆلەت ئورمان باغچىسى بار. ھايات ۋاقتىدا بۇ ئورمانلىقنى قوغدىغان ھەم بۇنىڭ ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغان ئىنقىلابىي قۇربان لۇ يۈنشىن بۇ يەردە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن.

باغچە دەرۋازىسىدىن كىرىپ يۇقىرىغا 500 مېتىر ماڭغاندا، ئىنقىلابىي قۇربان لۇ يۈنشىننىڭ قەبرىسىگە بارغىلى بولىدۇ، قەبرىنى لىنشياڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1995 - يىلى 8 - ئايدا ياسىغان. قەبرە تېشىغا «رەھىمسىز دەھشەتلىك ئوت ئالتۇن روھنى تاۋلىدى، مەزمۇت گەۋدە يېشىل تاغقا كۆمۈلدى» دەپ يېزىلىپ، ئىنقىلابىي قۇربان لۇ يۈنشىننىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرى خاتىرىلەنگەن. ھەر يىلى چىڭمىڭدا، نۇرغۇن كادىر، ئامما قەبرە ئالدىغا كېلىپ گۈل قويۇپ ئۇنى ياد ئېتىدۇ.

لۇ يۈنشىن، 1949 - يىلى تۇغۇلغان، 1971 - يىلى 5 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. 1993 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، يەنى يۈەنشياۋ بايرىمىدا، شىمالىي خۇنەن يېزىلىرىدا كەچقۇرۇن ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ پانۇس يەتكۈزۈپ، كۆجە كۆيدۈرۈپ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر قىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەت بار ئىدى، بۇ ئىنتايىن چوڭ ئوت ئاپىتى يوشۇرۇن خەۋپ - خەتىرى ئېلىپ كېلەتتى. شۇ كۈنى، ئەينى چاغدا لىنشياڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ۋۇجيېنشەن ئورمان ساقچىخانىسىنىڭ مۇئاۋىن ساقچىخانا باشلىقلىقىنى ئۆتەۋاتقان لۇ يۈنشىن ئىلگىرىكى يىللاردىكىدەك ئائىلىسىدىكىلەرگە ھەمراھ بولۇپ بايرام ئۆتكۈزمەي، بەلكى دېجۇرنىلىق قىلىۋاتقان خىزمەتداشلىرىنى باشلاپ نەچچە ئون كۋادرات كىلومېتىر دائىرىدىكى ۋۇجيېنشەندە ئالدىراش چېپىپ يۈرۈپ، ئاممىنى ئوت مەنبەسىنى تاغقا ئېلىپ چىقماسلىققا نەسىھەت قىلىپ توسىدى، تاغقا كەتكەن ئوتنى ئۆچۈرۈشكە تەشكىللىدى.

2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سەھەر سائەت 2دە، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش، ئوت ئۆچۈرۈش بىرىنچى سېپىدە ئون نەچچە سائەت كۈرەش قىلغان لۇ يۈنشىن قاتتىق چارچىغان جىسمىنى سۆرەپ ئەمدىلا ئۆيىگە كىرىپ، كىيىملىرىنى سالاي دەپ تۇرغاندا، سۆزلەشىش ئاپپاراتىدىن يەنە ۋۇجيېنشەن ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ 15 ئورمان رايونىغا ئوت كەتكەنلىك خەۋىرى كەلدى. ئوت ئەھۋالىنىڭ ئۆزى بۇيرۇق، لۇ يۈنشىن قول چىرىغىنى ئېلىپ ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەن نەق مەيدانغا ئاتلاندى.

ئوت كەتكەن جايغا بارغاندىن كېيىن، لۇ يۈنشىن باشقا ئورۇنلاردىن ئوت ئۆچۈرۈشكە ياردەم بېرىشكە كەلگەن 30دىن ئارتۇق يولداشنى باشلاپ، ئۇلارغا قوماندانلىق قىلىپ، تېزلىكتە ئوت ئۆچۈرۈشنى قانات يايدۇردى، ئۆزى ھەم قوماندان، ھەم جەڭچى بولدى. يەتتە سائەتتىن ئارتۇق قەيسەرانە ئېلىشىش ئارقىلىق، ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن بىرقانچە تاغ چوققىسىدىكى ئوتنى ئۆچۈردى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دا، ئەڭ ئاخىرقى تاغ چوققىسىدىكى ئوتنى ئۆچۈرۈۋاتقاندا، تۇيۇقسىز قاتتىق بوران چىقىپ، ئوت شىددەت بىلەن ئۇلغىيىپ كەتتى، ئوت ھەش - پەش دېگۈچە يەر يۈزىدىن دەرەخ شاخلىرىغا تۇتاشتى. 130 نەچچە قېتىملىق ئوت ئۆچۈرۈش تەجرىبىسى بار لۇ يۈنشىن دەرھال غايەت زور خەۋپ - خەتەرنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ناۋادا داۋاملىق شۇ جايدا قېلىپ ئوت ئۆچۈرسە، زور تالاپەت كېلىپ چىقىش ئېھتىماللىقىنىڭ ئىنتايىن چوڭ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ كەسكىنلىك بىلەن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، نەق مەيداندا ئوت ئۆچۈرۈشكە قاتنىشىۋاتقان 30دىن ئارتۇق يولداشتىن دەرھال بىخەتەر جايغا چېكىنىشنى تەلەپ قىلدى، ئۆزى ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي كەينىدە قېلىپ، كۆپچىلىكنى ئورمانلىقتىن تەرتىپلىك يۆتكىلىشكە تەشكىللىدى. دەل ئەڭ ئاخىرقى بىر يولداش ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش لىنىيەسىگە چېكىنگەندە، لۇ يۈنشىن دەھشەتلىك ئوتنىڭ ئارىسىدا قېلىپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى، شۇ يىلى ئۇ ئاران 44 ياشتا ئىدى.

يولداش لۇ يۈنشىن 1968 - يىلى خىزمەتكە قاتنىشىپ، بىر ئورمانچىلىق ئىشچىسى بولغان، 1986 - يىلى ۋۇجيېنشەن ئورمان جامائەت خەۋپسىزلىك ساقچىخانىسىغا يۆتكىلىپ خىزمەت قىلىپ، تاغلىق رايوندا 25 يىل يىلتىز تارتقان. ئۇ قايسى كەسپنى قىلسا شۇ كەسپنى سۆيۈپ، شۇ كەسپكە بېرىلىپ، تىرىشچان ۋە ئەستايىدىل بولۇپ، جاپا - مۇشەققەت ۋە تاپا - تەنىلەردىن قورقماي ئىشلەپ، ئىش ئورنىغا سادىق بولۇپ، پاك - ئادىل بولۇپ، خالىس ئۆزىنى بېغىشلاپ، جان - دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغان، ئىلگىرى - كېيىن 130 قېتىمدىن ئارتۇق ئوت ئۆچۈرۈش جېڭىگە قاتنىشىپ، ئالاقىدار دېلودىن 218نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان جىنايەتچىدىن 334نى تۇتۇپ، دۆلەت ئۈچۈن 300 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي زىياننى قايتۇرۇۋالغان، 32 قېتىم ئۆلكە، شەھەر، ناھىيەنىڭ تەقدىرلىشىگە، مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشكەن.

لۇ يۈنشىن قۇربان بولغاندىن كېيىن، 1993 - يىلى 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سېپىدىكى 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ مەشئىلى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزۈلدى. ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، بىر تەرەپنىڭ سۈزۈك سۈيى، يېشىل تېغىنى ياخشى قوغداش لۇ ئائىلىسى ئەۋلادلىرىنىڭ يۈكسەك بۇرچىغا ئايلاندى.

ھەر يىلى قىش پەسلى ئورمان ئوت ئاپىتى كۆپ يۈزبېرىدىغان مەزگىل، لىنشياڭ شەھەرلىك ئورمان جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىدە خىزمەت قىلىۋاتقان ئىككىنچى ئوغلى لۇ مىڭ دائىم ئوت ئۆچۈرۈشنىڭ بىرىنچى سېپىدە قەيسەرانە جەڭ قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ھەر قېتىم يېرىم كېچىدە ئوت ئۆچۈرۈشكە ئاتلىنىپ ماڭغاندا، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇزىتىپ، «چوقۇم بىخەتەرلىككە دىققەت قىلغىن!» دەپ قايتا - قايتا تاپىلايدۇ.

لىنشياڭ شەھەرلىك ئورمان جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى ياۋ موخۇا مۇنداق دېدى: بۇ يىللاردا، رەھبەرلەر ۋە يولداشلارنىڭ ياردەم بېرىشى، قوللىشى بىلەن لۇ مىڭ 1000 قېتىمدىن ئارتۇق تۈرلۈك ئورمانچىلىق دېلوسىنى بېجىردى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىم، پەۋقۇلئاددە زور دېلو 20دىن كۆپ. لۇ مىڭ ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى 120دىن ئارتۇق جىنايەت گۇماندارىنى تۇتتى، ئۇ ئىلگىرى - كېيىن 30 نەچچە قېتىم خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىندى، تەقدىرلەندى ۋە ئىلغار بولۇپ باھالاندى.

«مېنىڭ بىر قەھرىمان دادام بار، مەن چوقۇم ئۇنىڭ ئىزىنى بويلاپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيمەن...» بۇ يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، لۇ يۈنشىن، لۇ مىڭ ئاتا - بالىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئاساسلىق ئىجادىيەت مەزمۇنى قىلغان «ۋارىسلىق قىلىش» دېگەن قىسقا سىن فىلىم مەركىزىي سىياسىي - قانۇن كومىتېتى ئۆتكۈزۈشنى ئۇيۇشتۇرغان 4 - نۆۋەتلىك تىنچ - ئامان جۇڭگو مىكرو كىنو مىكرو سىن فىلىم مىكرو كارتون مۇسابىقىسىدە مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)